نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلاش

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، فۇ شياڭلۇڭ

باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلدى، يەنە سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغان ياخشى مەزگىل يېتىپ كەلدى. يېقىندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىن كەلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرى شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقان جايدىكى تۇرمۇشى قانداق؟ مۇخبىر مۇشۇ ھەقتە زىيارەت ئېلىپ باردى.

### «ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ ئۆزگەرتىمەن»

سائەت 7دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئورنىدىن تۇرۇش، سائەت 8دە يىغىلىش، سائەت 8دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ناشتا قىلىش... بۇ بىرنەچچە كۈندە، ئالىمجان قادىرنىڭ تۇرمۇشى بىردىنلا تەرتىپلىك بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «ۋاقتىدا رىئايە قىلىشنى بىلدى، ئىنتىزام ئېڭى تېخىمۇ كۈچەيدى».

ئالىمجان 25 ياش، يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئالامەت بازىرى تاغارچىئۆستەڭ كەنتىدىن، 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى بىر كارخانىغا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. كارخانا ياتاق ـ تاماقنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى، ئۇ ۋە ئىككى ھەمراھى بىر ياتاقتا تۇراتتى، پول پاكىز، يوتقان ـ كۆرپىلەر يېپيېڭى ئىدى، يەنە ھاۋا تەڭشىگۈچ سەپلەنگەنىدى، «خۇددى مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىغا ئوخشايدىكەن، مەن بىرىنچى كۈنىلا دادام، ئاپاملار بىلەن سىندا كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ياتىقىمنى كۆرسىتىپ قويدۇم» دېدى ئالىمجان.

گەرچە كارخانىغا كەلگەن ۋاقتى ئۇزاق بولمىسىمۇ، ئەمما ئالىمجان ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى: ئىلگىرى ئۆيدە سائەت 9دىن ئاشقۇچە ئۇخلايدىكەنتۇق، ھازىر ئورنىدىن ۋاقتىدا تۇرىدىغان بوپتۇ؛ ئىلگىرى شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىكەنتۇق، دائىم چىش چوتكىلاشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەنتۇق، ھازىر ھەر كۈنى چىشنى چوتكىلايدىغان بوپتۇ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنىمۇ رەتلىك يىغىدىكەن، ياتاقداشلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ تازىلىق قىلىدىكەن. «ئۆزۈمنىڭ ئىشچان، پاكىز بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم» دېدى ئالىمجان سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ئالىمجان مۇخبىرلارغا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگىلى كەلگەن يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالاملىشىشقا باشلىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ پۇتۇڭخۇا سەۋىيەسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى، كۆپچىلىكنىڭ يەنە ئۆزئارا ياردەملىشىدىغانلىقىنى، بىر ھەمراھىنىڭ پۇتى ئاغرىپ مېڭىشى قولايسىز بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ھەمراھىغا تاماقنى نۆۋەتلىشىپ ياتاققا ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

«مۇئەللىملەر بىزگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، كادىرلار بىز بىلەن بىر بىنادا تۇرىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا تاپقىلى بولىدۇ.» ئالىمجاننىڭ دېيىشىچە، كارخانىغا كەلگەن ئىككىنچى كۈنى ئۇ زۇكام بولۇپ قالغان، كادىرلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال دورا ئەكېلىپ بەرگەن. «مەن چىن قەلبىمدىن تەسىرلەندىم» دېدى ئالىمجان.

كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئالىمجان تولۇپ تاشقان ئۈمىدكە تولغانىدى: «مەن پۇرسەتنى قەدىرلەپ، بىلىمنى ياخشى ئۆگىنىپ، ماھارەتنى ياخشى ئىگىلەپ، ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، مۇقىم خىزمىتىم ۋە كىرىمىم بولۇشقا تىرىشىمەن».

### «بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىز بار بولدى»

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپىدىكى بىر كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا، 30 ياشلىق مەبۇدىخان قادىر لەگمەن ئېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇۋاقنى ئېچىپ چۆپنى قايناۋاتقان سۇغا سالغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «بۇ بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىز، مەن ناھايىتى ياقتۇرىمەن».

مەبۇدىخان ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئەخمەتنىياز تۇرسۇن كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىكى ئىككى ياتاق، بىر مېھمانخانىلىق بىر يۈرۈش ئۆيدە تۇرىدۇ. ئۇلار يەكەن ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى توكەت كەنتىدىن، 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەخسۇس پويىزىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

مەبۇدىخاننىڭ يېڭى ئۆيى پاكىز، رەتلىك بېزەلگەن بولۇپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى لولو بىلەن كەترەن گۈلى ناھايىتى چىرايلىق ئۆسكەنىدى، باھار نۇرىغا چۆمۈلگەن قىپقىزىل نەرگىز گۈللىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. مېھمانخانىدىكى ئەينەك چاي ئۈستىلى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەنىدى، توك قازان، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. مەبۇدىخانغا ئوخشاش كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىغا بېرىپ ئىشلەيدىغان ئەر ـ خوتۇن ئىشلەمچىدىن 80 نەچچىسى بار بولۇپ، يېقىندا ھەربىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەممىسى «يېڭى ئۆي»گە كۆچۈپ كىردى.

« قازان ـ قومۇچ، گۈرۈچ، ئۇن، ياغنىڭ ھەممىسىنى بىزگە تەييارلاپ بەردى، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كۆكتات تارقىتىپ بېرىدۇ. قاراڭ، بۇ بىر خالتا كۆكتاتنى تېخى تۈنۈگۈنلا تارقاتتى، چىڭسەي، يۇۋبەيسەي، لازا، ياڭيۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار» دېدى مەبۇدىخان خۇشال ھالدا مۇخبىرلارغا.

كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدىكى نۇرغۇن تەربىيەلەشنىڭ ھەممىسى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەسىلەن: دەرەخ سورتىنى قانداق پەرقلەندۈرۈش، قانداق پۇتاش دېگەندەك. مەبۇدىخان كۆچەت تىكىشتە شۇنچە كۆپ بىلىم بارلىقىنى بىرىنچى قېتىم بىلدى، مۇئەللىمگە ئەگىشىپ، ئۇ ئۇلانغان ۋە ئۇلانمىغان ئالما دەرەخنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالدى.

مەبۇدىخاننىڭ ئېرى ئەخمەتنىياز تىراكتور ھەيدەشنى بىلگەچكە، تىراكتور بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش بەنىگە تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. «تېخنىكا ئۆگىنىۋالسام، قايتقاندىن كېيىن رېمونتخانا ئاچالايمەن» دېدى ئەخمەتنىياز.

مەبۇدىخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدىغان ئامىنە ئەخمەت ئەر ـ خوتۇنمۇ يەكەندىن كەلگەن بولۇپ، ئىككى ئائىلە ناھايىتى تېزلا ياخشى قوشنىلاردىن بولۇپ قالدى. ئامىنە ئەر ـ خوتۇننىڭ كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ مەبۇدىخانغا بۇ بىر يىلدا ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك چىقىمنى چىقىرىۋەتكەندە 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل يىغقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ، مەبۇدىخاننى كەلگۈسى كۈنلەرگە نىسبەتەن ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە تولدۇردى: «ئېرىم ئىككىمىز ياخشى ئىشلەپ، كۆپ پۇل تاپىمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، يەنە ئامانەت پۇل قويىمىز».

### «مەن تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىمەن»

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)دىكى بىر كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، مەمەتئېلى مەخمۇت ئۈستىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر دۆۋە ئاق قەغەزنى باسما ماشىنىسىنىڭ يېنىغا يۆتكەپ، ئاندىن تەلەپ بويىچە باسما ماشىنىسىدىكى مۇناسىپ ئورۇنغا قويدى.

مەمەتئېلى گۇما ناھىيەسىنىڭ مۇكۇيلا يېزىسى تۆۋەنمەھەللە كەنتىدىن، 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بۇ كارخانىغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. «يولدا كېلىۋاتقاندا نەدە تۇرۇشۇمدىن، نېمە ئىش قىلىشىمدىن ئەنسىرىگەنىدىم، بۇ يەرگە كەلگەندە زاۋۇتنىڭ ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى، يوتقان ـ كۆرپە، كىرلىك، يۇيۇنۇش ـ چايقاش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇقلۇقىنى، تاماق سايمانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يېڭىدىن سېتىۋېلىنغانلىقىنى كۆردۈم.» مەمەتئېلى مۇنداق دېدى: بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈمدە ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدىم، يەنە يان تېلېفونۇمدا سۈرەتكە تارتىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئورتاقلاشتىم.

مەمەتئېلىنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، زاۋۇتقا يېڭىدىن كىرگەن بۇ بىر تۈركۈم ئىشچىلارغا قارىتا، شىركەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى، كۈندىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرغاندىن سىرت، يەنە بىر پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچى ئۈچ يېڭى ئىشچى ـ خىزمەتچىنى يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېخنىكىلىق تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپتۇ، پېشقەدەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇلارغا ئۇسكۈنىلەرنى پىششىق بىلىشنى قولمۇقول ئۆگىتىپتۇ. ھازىر، ئۇ بىر قىسىم ئاددىي تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلارنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

مەمەتئېلى ئۆزىنىڭ بۇ خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«پىكىر»دە مۇنداق تەلەپ قىلىندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈپ، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئەخلاق تەربىيەسى، ئەقلىي تەربىيە، تەنتەربىيە، گۈزەللىك تەربىيەسى بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەمگەك تەربىيەسى سىستېمىسىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىپ، ئەمگەك تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، ئەمگەك تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەمگەك ئەڭ ئالىيجاناب، ئەمگەك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەمگەك ئەڭ گۈزەل دېگەن قاراشنى پۇختا تۇرغۇزۇش كېرەك. ئەمگەك تەربىيەسى دەرسى تەسىس قىلىپ، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەمگەك تەربىيەسى زۆرۈر دەرسى تەسىس قىلىش كېرەك. ئەمگەك تەربىيەسى مەزمۇنىنىڭ تەلىپىنى بېكىتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئوقۇش باسقۇچى، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمگىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئەمگەكنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ ئەمگەك تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەمگەك ساپاسىنى باھالاش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمگەك ساپاسىنى باھالاش نەتىجىسىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىش ئەھۋالىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش، مۇنەۋۋەرلەرنى باھالاش، ئىلغارلارنى باھالاشتىكى مۇھىم پايدىلانما ۋە ئوقۇش پۈتكۈزۈشتىكى ئاساس قىلىش، بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىدىكى مۇھىم پايدىلانما ياكى ئاساس قىلىش كېرەك. ئەمگەك تەربىيەسى ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك، ئائىلىلەر ئەمگەك تەربىيەسىدىكى ئۇللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، مەكتەپلەر ئەمگەك تەربىيەسىدىكى ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، جەمئىيەت ئەمگەك تەربىيەسىدىكى قوللاش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا شارائىتىدىكى ئەمگەك ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى ھالىتى، يېڭى ئۇسۇلىنى ھېس قىلىشنى قوللاش بىلەن تەمىنلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەھەر، يېزا، مەھەللە، پاراۋانلىق ساناتورىيەسى ۋە ئاممىۋى سورۇن قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتنىشىشى، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئەمگىكىنى قانات يايدۇرۇشى، مەھەللىلەرنى تۈزەشكە قاتنىشىشىنى قوللاش كېرەك. ئەمگەك تەربىيەسىنىڭ تىرەك بولۇش، كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش سورۇنلىرىنى كۆپ يوللار ئارقىلىق كېڭەيتىپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۆپ تەدبىرلەر ئارقىلىق كۈچەيتىپ، خىراجەت سېلىنمىسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىخەتەرلىك كاپالىتىنى كۆپ تەرەپتىن يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

«پىكىر»دە يەنە ئەمگەك تەربىيەسىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇشنى ھەققىي كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، ئۇزاق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، پائال پۇختا بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى سىجىل پۇختىلاش بىلەن بىللە، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، تۈزۈلمە مېخانىزم جەھەتتە ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىدە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىللىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى ۋە ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور كېسەللەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ئورۇنداش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرۇپ قىلغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىغا ۋە ئۇنى ئەتراپلىق ئىگىلەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ سىستېمىلىق تولۇقلىشىشى، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتنى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا، ساياھەت، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشى، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى، پۇقراۋى ئىگىلىك، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتقا نۇقتىلىق تۈرتكە بولۇپ، مائارىپ، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش كېرەك. مۇھىم، زور ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پائال ئىزدىنىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق دائىرىدىكى ئىسلاھاتنى كۆپەيتىشكە، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تەجرىبە، ئۇسۇللار بىلەن تەمىنلەشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات خىزمىتى مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەققىي كۈچەيتىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئەزالىرى ئەڭ ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىشقا، ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى «قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقى» «زەربىدارلار ئەترىتى باشلىقى» بولۇش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي زىممىگە ئېلىشى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھات ئىشخانىسى، ھەرقايسى مەخسۇس گۇرۇپپىلار، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خىزمەت لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتنى قەرەلىدە ئالغا سىلجىتىشقا، قەرەلىدە تاماملاشقا، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ھەم پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ۋاكالىتەن قەھرىمانلارنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى، ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئايروپىلان توختىتىش مەيدانىدا، «سىلەر جاپا چەكتىڭلار، قايتىپ كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز» «قەھرىمانلارغا ئېھتىرام» قاتارلىق قارشى ئېلىش پىلاكاتلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئايروپىلان تىنچ ـ ئامان قونۇپ، بۆلمە ئىشىكى ئېچىلغان شۇ پەيتتە، ئەڭ چىرايلىق گۈللەر، ئەڭ قىزغىن ئالقىشلار ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرگە سوۋغا قىلىندى، ئەترەت ئەزالىرى يۇرتىدىكى خەلقنىڭ ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

ئىگىلىنىشچە، شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى 142 ئەترەت ئەزاسى شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى ئالتە دوختۇرخانىدىن كەلگەن بولۇپ، 59 كېچە ـ كۈندۈز سىجىل جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسى شەرق دوختۇرخانىسىدا خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلارنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، بۇرچنى ئادا قىلىپ، تىنچ ـ ئامان زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن.

لى پېڭشىن شىنجاڭغا قايتقان ئەترەت ئەزالىرىنى قارشى ئالغاندا مۇنداق دېدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، خۇبېي خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى بىلەن، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، خۇبېيغا ياردەمگە باردى، بارچە كۈچى، ئەجرىنى چىقاردى، ئۆزىنى ئۇنتۇپ خىزمەت قىلدى، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەللىك ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، ھاياتلىقنى قوغداپ، ئاغرىقلارنى داۋالاپ ساقايتتى، زور مېھىر ـ مۇھەببىتىنى خۇبېي خەلقىگە، ۋۇخەن خەلقىگە بېغىشلىدى، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشتى. سىلەر قەتئىي ئېگىلمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇپ، تېببىي خادىملارنىڭ مېھرىبانلىقىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلدىڭلار، يېڭى دەۋردىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلدىڭلار، يۇرتتىكى خەلق سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئىپتىخارلىنىدۇ، سىلەر يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر!

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم ئالاقىدار تەرەپلەر كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا قايتقان تېببىي خادىملارنىڭ دەم ئېلىش، تەرتىپكە سېلىش مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. يۇقۇم جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاق خالاتلىق جەڭچىلەردىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تېيەن ۋېن، مەگلىك سىيىت قارشى ئېلىشقا بىللە چىقتى.